# دېھقانلار ئائىلىسى مېھمانخانىسىدىكى «ھەر خىل تەلەپپۇز»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خاۋ يۇ، دىڭ لېي)** كەچ كىردى، يۈك ـ تاق چامادىننى سۆرىگەن دوۋ لىپىڭ ئۆي ئىشىكىنى ئېچىپ، چىراغ يىپىنى ئاۋايلاپ تارتتى، بىر ئېغىزلىق سەككىز كىشىلىك سالقىن ياتاق دەرھال ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى.

بۇ شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى شىيغانجىيەدە يېزىسىنىڭ ساربۇلاق كەنتى بولۇپ، كەنتتىكى چىراغلار جىمىرلاپ يېنىشقا باشلىغاندا، 55 ياشلىق قازاق چارۋىچى دىلداش مۇتىنىڭ دېھقانلار ئائىلىسى مېھمانخانىسىدىن شاڭخەي تەلەپپۇزى، سىچۇەن تەلەپپۇزى، خېنەن تەلەپپۇزى، يەنە گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۈگۈن كەچ كەنتتىكىلەر ياز كىرگەندىن بۇيانقى تۇنجى تۈركۈم ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى.

مۇخبىرلار مېھمانخانىغا كەلگەندە، دىلداش مۇتى ئەمدىلا كېلىپ ئورۇنلاشقان شىنجېڭلىق ساياھەتچى دوۋ لىپىڭغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەملىشىپ كارىۋىتىنى راسلاۋاتاتتى، «ھەممىسى مۇشۇنداق تۇتاش كارىۋات، بىراق خاتىرجەم بولۇڭ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى تېخى تۈنۈگۈنلا ئالماشتۇرغان. بۈگۈن كەچتە لەغمەن ئېتىمىز، ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كۆپچىلىك بىلەن بىللە تاماق يەڭ».

شىنجاڭنىڭ شىمالىي رايونىدا، بەزى قازاق چارۋىچىلار پەسىلگە قاراپ يايلاق كۆچۈش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ساربۇلاق كەنتى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى چارۋىچىلار ھەر يىلى يازلىق يايلاققا كۆچكەندە چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان جاي. كەنت ئاھالىلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ يايلاق كۆچۈپ چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن كەنتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلىكلەر «جەزمەن كېلىشكە تېگىشلىك» توردا داڭ چىقارغان جايغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇدا نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر قېتىملىق ياز، كۈز ئىككى پەسىللىك يايلاق كۆچكەندە، ئائىلە ئاپتوموبىل ساياھەتچىلىرى، فوتو سۈرەت ھەۋەسكارلىرى بۇ يەرگە تولۇپ كېتىدۇ، كەنتتىكى ئون نەچچە ئائىلىلىك چارۋىچى ئاچقان مېھمانخانىمۇ بىردىنلا جانلىنىپ، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ساياھەتچىلەرنى تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سائەت 22 دە، كەچلىك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دىلداش مۇتى يەنىلا كەچرەك يېتىپ كەلگەن مېھمانلارغا «ئۆز ماھارىتى»نى كۆرسىتىپ بەردى. بىردەمدىلا، تەخسىلەردە ھورى ئۆرلەپ تۇرغان گويرۇ لەغمەن ئۈستەلگە ئېلىپ كېلىندى. چۆپى ئازمۇ؟ ھەقسىز قوشۇپ بېرىلىدۇ، تويغىچە يەيسىز.

سەپەر ھاردۇقى يەتكەن، ئوخشاش بولمىغان جاينىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىدىغان بۇ ساياھەتچىلەر قاچا ـ قۇچىلارنى ئاددىي كۆرمىدى، پارقىراپ تۇرغان چۆپلەرنى بىردەمدىلا پاك ـ پاكىز يەپ بولدى، يەنە بىر چىشتىن سامساقنى ئاقلاپ يەپ، بىردەمدىلا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ خىل يېيىش ئۇسۇلى سەل قوپاللىراق كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مېھمانلار تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن «پۇخادىن چىقتۇق»! دېيىشتى.

يېمەك ـ ئىچمەكتىن زور قانائەتلىنىش بىلەن بىللە، تۇنجى كۆرۈشكەن ناتونۇش كىشىلەرمۇ پاراڭغا چۈشتى. «مېنىڭ يايلاق كۆچۈشنى كۆرۈشكە ئىككىنچى يىلى كېلىشىم، كۆپچىلىككە بىر تەكلىپ بېرەي، بىز ئەتە ئەتىگەن سائەت 5تىلا يولغا چىقايلى، قۇياش يېڭى كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى مەنزىرە ئەڭ گۈزەل» دېدى دوۋ لىپىڭ.

«تەجرىبىسى بار كىشى» بارلىقىنى بىلگەن بىرقانچە سىچۇەنلىك، شاڭخەيلىك ساياھەتچى دەرھال يېقىن كېلىپ ئۇنىڭدىن تەجرىبە ئۆگەنمەكچى بولدى: ئەتىگەندە تاغقا چىقساق توڭلامدۇق، قەيەر سۈرەت تارتىشقا بولىدىغان ئەڭ ياخشى جاي، قوي پادىسى ئادەتتە سائەت قانچىدە ئۆتىدۇ ... دوۋ لىپىڭمۇ بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى، بىردەمدىلا كۆپچىلىك تونۇشۇپ كەتتى.

بەزىلەر پىۋا ئالدى، رومكا سوقۇشتۇرۇپ پاراڭلىشىپ، ئورغاق ئاينىڭ چىقىدىغانلىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى، كېچە مەنزىرىسى جىمجىتلىققا چۆمگەن ساربۇلاق كەنتىنى قاپلىدى. ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئوتلاق، كىگىز ئۆيلەر تىمتاسلىق ئىچىدە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى؛ ئۆي ئىچىدە ساياھەتچىلەر سائەت قوڭغۇرىقىنى توغرىلىشىپ تەدرىجىي تاراشتى، مېھمانخانىدا جىمجىتلىق ئەسلىگە كەلدى.

مۇشۇ چاغدا ئاندىن دىلداش مۇتىنىڭ ئولتۇرۇپ پۇتىنى سوزۇپ ئارام ئېلىشقا ۋاقتى چىقتى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى يايلاق كۆچكەندە مەن ئۆي كۆچۈش بىلەن ئالدىراش بولاتتىم، ھازىر يايلاق كۆچكەندە پۇل تېپىش بىلەن ئالدىراش بولىدىغان بولدۇم».

بالىلىق چاغلىرىدىكى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تاغ ـ داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتكەن خاتىرىلەر دىلداش مۇتىنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە نامايان بولدى. كىم ئويلىغان دەيسىز، ئون يىل ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئېگىز تاغدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن خەلقنى بېيىتىش ئەمىن ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىپ، تۇرمۇش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولدى، تىرىكچىلىك يولىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى.

يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى چارۋىچىلار تەدرىجىي زامانىۋى تۇرمۇشقا سىڭىپ كىردى، پۇل تېپىشتا كالا، قوي، تۆگىلەرنىلا چۆرگىلەپ يۈرمەيدىغان بولدى. بەزى چارۋىچىلار ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ ساياھەتنىڭ ئېشىنى يېدى؛ بەزى چارۋىچىلار باشقىلارغا «ۋاكالەتەن مال باقتۇرۇش»نى تاللىدى، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى شەھەردە ئىشلەمچىلىك قىلىپ، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىشقا ئاجرىتالايدىغان بولدى؛ يەنە بەزى چارۋىچىلار يېرىنى باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىپ، ئۆزى باشقا ئىش تېپىپ ئىشلەپ بىرلا ۋاقىتتا قوش كىرىم قىلىدىغان بولدى ...

# مەملىكەت بويىچە تۇنجى رايون دائىرىلىك «ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى ئايلانما لىنىيەسى» ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىجرا قىلىنىدىغان بېلەت باھاسى ئوتتۇرىچە 300 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، پۈتكۈل ھاۋا بوشلۇقى ئاپتوبۇسى ئايلانما لىنىيەسى (ئۈچ بېكەت ئارىسىدا ئايلىنىپ ئۇچۇش)نىڭ ئومۇمىي باھاسى 1000 يۈەن ئىچىدە قىلىپ بېكىتىلدى.

«ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى ئايلانما لىنىيەسى» ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئالتاي ئاۋىياتسىيە كەسپى مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئالتاي ئاۋىياتسىيە مەبلەغ سېلىش شىركىتى دېيىلىدۇ) بىلەن بەخت ئاۋىياتسىيە شىركىتى بىرلىشىپ بەرپا قىلغان رايون ھاۋا بوشلۇقى ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن ۋالىيسى چېن بو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېڭى ھاۋا قاتنىشى لىنىيەسىنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئىچىدە ئايلىنىپ ئۇچقىلى بولۇش، شىنجاڭغا كىرىش ـ چىقىش تېز بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان «ھاۋا بوشلۇقى ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسى» بولۇپ، «سەپەر ئۇزۇن، ساياھەت قىسقا» بولۇش قىيىن مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

«ئالتاي، قاناس، كۆكتوقاي قاتارلىق بىر رايون تەۋەسى ئىچىدىكى ئۈچ ئايرودرومدا بىرلا ۋاقىتتا يېڭى ھاۋا لىنىيەسى ئېچىلدى ھەمدە ئۇلانما ئايلىنىپ ئۇچۇش شەكىللەندى، بۇ دۆلەت ئىچىدە تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. بۇ بەخت ئاۋىياتسىيەسىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدا بەرپا قىلىدىغان ئايلىنىپ ئۇچۇش تورىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى بەخت ئاۋىياتسىيەسىنىڭ باش لىدېرى جوۋ جيېن.

ئالتاي ئاۋىياتسىيە مەبلەغ سېلىش شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر سۈن شياۋجېن مۇنداق دېدى: ئالتاي شىنجاڭ ئىچىدىكى تارماق لىنىيە ئايرودرومى تورى بىر قەدەر كۆپ ئىككىلەمچى تۈگۈن ئايرودرومى بولۇپ، كەلگۈسىدە يەنە ھەممباب ئاۋىياتسىيە ئايروپورتى ۋە ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تارماق لىنىيە ئايرودرومىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى تۇتاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممباب ئايرودرومى ئۇلانما ئايلىنىپ ئۇچۇش رايون تەۋەسى ئىچىدە ئۇچۇش ـ قونۇش نۇقتىسىنى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئاۋىياتسىيە تورى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالتاينى «يىپەك يولى ئاۋىياتسىيە بېكىتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئاۋىياتسىيە ساياھەتچىلەر يىغىلىش ـ تارقىلىش مەركىزىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

# قاغىلىق: «ئالتۇن مېۋە» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەرىجىگە ئايرىش قاتارلىق دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاقما لىنىيەسى قۇرۇلۇپ، تۇنساگۇل ۋە كەنت ئاممىسى يېقىن ئەتراپتا ئىشلەيدىغان ياخشى ئورۇن بىلەن تەمىنلەندى. «ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئىشچى ئىشلىتىشى بىرقەدەر جانلىق، كەنت ئاھالىسى خالىغان چاغدا كەلسە بولىدۇ، مىقدارغا قاراپ ئىش ھەققى ھېسابلىنىدۇ، شۇ كۈنىلا ھېسابات قىلىنىدۇ.» ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى مەخمۇت ئېلى: ھازىر ياڭاقنى دەسلەپكى پىششىقلاشنىڭ كاسات مەزگىلى، ئانچە كۆپ ئىشلەمچى كەتمەيدۇ، مولچىلىق مەزگىلدە كۈندە 70چە ئىشلەمچى كېتىدۇ، تەخمىنەن %20ى يېقىن ئەتراپتىكى نامرات ئامما، دېدى. كۈندە كېلىپ ياڭاق ئاقلايدىغان ئايگۈل ئوسمان: ئىشىك ئالدىدا ئىشلەپ پۇل تاپقاندا، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا دەخلىسى بولمايدىكەن، كەنتتىكى ئاياللارغا ئىنتايىن ماس كېلىدىكەن، دېدى.

بۇنداق كۆرۈنۈشنى شاخاپ يېزىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كۆرگىلى بولىدۇ. «ياڭاقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پۈتۈن يېزىدا جەمئىي 28 ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇلتۇر بىر يىلدىلا 18ى قۇرۇلدى.» شاخاپ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى شۇ لۇڭفېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ياڭاقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى بىر تۈركۈم نامرات ئاممىنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىشلەپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى».

قاغىلىق ناھىيەسىگە نەزەر سالساق، باغۋەنلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ياڭاق قاتارلىق خاس باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا قاتنىشىپ كىرىمنى ئاشۇرغان ئەمەلىيىتىنى ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىر، قاغىلىق ناھىيەسىدە مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان 44 نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى.

**■ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

يۈكسەل دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بۇلتۇر 860 توننا ياڭاق سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ چاۋا كەنتنىڭ بارلىق ياڭاق ھوسۇلىدىنمۇ كۆپ. دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن كېيىن، ھەممىسى قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ئەڭ چوڭ ياڭاق پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ــ شىنجاڭ مېيجيا يېمەك ـ ئىچمەك چەكلىك شىركىتىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ.

مېيجيا شىركىتىنىڭ ھەر يىللىق ياڭاق ئېھتىياج مىقدارى 30 مىڭ توننىغا يېتىدۇ، بۇ قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ياڭاق ھوسۇلىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ شىركەت ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردا نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىن 14نى قۇردى، مولچىلىق مەزگىلدە 2200دىن كۆپ كىشى ئىشلەيدۇ، بۇلارنىڭ 700دىن كۆپرەكى نامرات ئامما. «كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، نامراتلار كارخانىدا ياكى نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئىشلىسىلا، ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدۇ» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى پېڭ خۇچۈن.

مېيجيا شىركىتى شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ 12 مىڭ مودىن ئارتۇق يېرىنى ئوبوروت قىلىپ ياڭاق ئۆستۈرۈش بازىسى قىلىپ، 1300گە يېقىن باغۋەنچىلىك ئائىلىسىنى قاپلىدى. يېرى ئوبوروت قىلىنغان دېھقانلار سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدۇ ياكى ياڭاق ئۆستۈرۈش بازىسىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ، ئوبوروت ھەققىدىن باشقا يەنە بىر ئۈلۈش كىرىمگە ئېرىشەلەيدۇ. پېڭ خۇچۈن مۇنداق دېدى: ياڭاق ئۆستۈرۈش بازىسىدىكى ياڭاق پەقەت شىركەت ئېھتىياجىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا تەمىنلەيدۇ، ئاساسلىقى ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆستۈرۈش ـ پەرۋىش قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىلىدۇ.

نۆۋەتتە، مېيجيا شىركىتى ياڭاق سۈتى، ياڭاق يېغى قاتارلىق بەش چوڭ تۈردىكى 20 نەچچە خىل ياڭاق مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى، پۈتكۈل كەسىپ ئارقىلىق شۇ جايدىكى 25 مىڭ ئەتراپىدىكى دېھقان ئائىلىسىنى يېتەكلىدى ھەمدە كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش جەھەتتە داۋاملىق ئىزدەندى، بۇ شىركەت بوۋاقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدىغان ياڭاق تالقىنى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى سىناق قىلىۋاتىدۇ.

قاغىلىق ناھىيەسىدىكى فېڭيۇەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىش چەكلىك شىركىتىدە، ئۈۋاقلانغان ياڭاق شاكاللىرى بوش يەرگە تاغدەك دۆۋىلەنگەنىدى. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى چېن لېجۈك تونۇشتۇرۇپ: بۇلار ئەسلىدە ئەخلەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان قالدۇقلار ئىدى، بىز ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ داۋاملىق پىششىقلاپ ئىشلەپ ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىغا سېتىپ بەرمەكچى، دېدى. بۇلتۇر بۇ شىركەت 3000 توننا ئەتراپىدا ياڭاق پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئەتراپتىكى 300 كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشلەپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 160تىن كۆپرەكى نامراتلار.

نۆۋەتتە، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ياڭاق پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى يەتتىگە يەتتى. قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لياڭ يۇخجۈن مۇنداق دېدى: «بىر تۈركۈم مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى ۋە نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىغا تايىنىپ، ياڭاقنى تولۇق پىششىقلاپ ئىشلىدۇق، قاغىلىق ناھىيەمىزدە كۆك پوستىدىن مېغىزىغىچە تولۇق پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باغۋەنلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردۇق».

**■ سۈپەت، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش**

ياڭاقچىلىق كەسپى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تۈۋرۈك كەسپى ــ پۈتۈن ناھىيەدىكى 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىچىدە ياڭاقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا قاتناشقانلار 300 مىڭدىن ئاشىدۇ. نۇرغۇن ياڭاق ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشنى مەنبەدىن باشلاش، ياڭاقنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ھوسۇل، كىرىمنى ئاشۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ناھىيەنىڭ ياڭاقچىلىق كەسپى تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۈپەت، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش جەزمەن بېسىپ ئۆتىدىغان يول.

قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ياڭاقلىق باغلاردا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ.

شاخاپ يېزىسىدىكى خاس باغ ـ ئورمانىنىڭ سۈپەت، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بېغىدىكى ھەربىر تۈپ ياڭاق دەرىخى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىنغان. 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇزەپپەر ھەمدۇللا ئېگىز شاخنى چاتايدىغان قايچىنى كۆتۈرۈپ، ياڭاق دەرىخىنىڭ يېڭىدىن چىققان شاخلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن چاتاۋاتاتتى. ئۇ شاخاپ يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ سەككىز مو ياڭاقلىقىنى باشقۇرغاندىن باشقا، يەنە پۈتۈن يېزىدا تېخنىكا مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. «ئىلمىي سۇغىرىش، ئوغۇتلاش ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتاش ئارقىلىق بۇلتۇر ئائىلىمىزنىڭ سەككىز مو ياڭاقلىقىدىن 18 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدۇق، ئىلگىرىكىدىن سەل ئاشتى.» مۇزەپپەر مۇنداق دېدى: «ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياڭاقتىن ياخشى ھوسۇل ئېلىش ئىلمىي پەرۋىشتىن ئايرىلالمايدۇ».

شۇ لۇڭفېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شاخاپ يېزىسى باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، باغۋەنلەرنى ئىلمىي تېرىش، ئىنچىكە پەرۋىش قىلىشقا يېتەكلەپ، ياڭاقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى.

چارباغ بازارلىق ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى مەمەتئېلى داۋۇت تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2018 ـ يىلى چارباغ بازىرى ئارقىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر ئارىسىدىن 50تىن ئارتۇق دېھقان تېخنىكنى تەربىيەلەپ ھەم تەكلىپ قىلىپ، باغ ـ ئورمانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ قۇرۇپ، پۈتۈن بازاردا ياڭاق چاتاش، سورتىنى ياخشىلاش ۋە كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. «مۇلازىمەت ئەترىتىدىكىلەر دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىللە، باغ ـ ئورماننى باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى تەدرىجىي ھەممە ئائىلىگە كېڭەيتىپ، ياڭاق ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىنىڭ ياڭاقنىڭ سۈپىتى ۋە ھوسۇل مىقدارىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.» مەمەتئېلى مۇنداق دېدى: «بۇ يىل، مۇلازىمەت ئەترىتىگە 42 باغ ـ ئورمان تېخنىكى يېڭىدىن كۆپەيتىلىپ، ھەر 500 مو باغ ـ ئورمانغا بىردىن تېخنىك سەپلەش ئۆلچىمىگە يېتىپ، پۈتۈن بازارنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچلۈك تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلىدى».

# سانجى ئوبلاستىنىڭ ئىجادىي شەھەر باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئەلنى غەمدىن خالاس قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

فۇشىن كوچا باشقارمىسى ئۈنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى رېن جيەنجۈن مۇنداق بىلدۈردى: «تالون يوللاش، تالون قوبۇل قىلىش» خىزمەت مېخانىزمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بارغانسېرى كۆپ ئاھالە بۇ خىل خىزمەت مېخانىزمىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈكلۈكىنى ھېس قىلدى.

يېقىنقى كۈنلەردە، سانجى شەھىرىنىڭ مەلۇم ئولتۇراق رايونىدىكى لىفتتا پات ـ پات كاشىلا كۆرۈلدى، مەھەللە تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەقلىي ئىقتىدارلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى ئارقىلىق «يۇقىرىنىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇش»نى تاللىدى، كوچا باشقارمىسى ئۈنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش مەركىزى توردا تالون يوللىدى، جىددىي ئەھۋاللارنى باشقۇرۇش، بازار نازارەت قىلىش، ئۆي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار سالاھىيىتى بار تۆت لىفت رېمونت قىلىش، ئاسراش شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراق رايون ئەتراپىدىكى 14 يۈرۈش ئېگىز قەۋەتلىك بىنادىكى 44 لىفتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ رېمونت قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، «تالون يوللاش، تالون قوبۇل قىلىش» خىزمەت مېخانىزمى يولغا قويۇلۇشتا، پەقەت ئامما دەۋا ـ تەلىپىنى ئۈنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش مەركىزىگە ئىنكاس قىلسىلا، تالون يوللاش، تالون قوبۇل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى بولۇش سۈپىتىدە، مەركەز مەسىلىنىڭ قىيىن ـ ئاسانلىق دەرىجىسى، خاراكتېرى ـ تۈرىگە ئاساسلىنىپ، تالون مەنبەسىنى جىددىي تالون، ئادەتتىكى تالون، مۇھىم تالون دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ ھەم ھەربىر تالوننىڭ بېجىرىلىش ۋاقىت چېكىنى بەلگىلەپ، تالون يوللاش، تالون قوبۇل قىلىشنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە قىلدى.

يوللانغان تالوننىڭ يوللىنىشىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا، قوبۇل قىلىنغان تالوننىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سانجى ئوبلاستى ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەقلىي ئىقتىدارلىق باشقۇرۇش سىستېمىسىغا تايىنىپ، «تالون يوللاش، تالون قوبۇل قىلىش» بۆلىكىنى ئېچىپ، توردا تالون يوللاش ۋە توردا تالون قوبۇل قىلىشنى يولغا قويدى، ئۈنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش مەركىزى پۈتۈن مۇساپىلىك ئىز قوغلاپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق باشقۇرۇپ، ئىنكاس قىلىش يوللىرى، تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش ۋاقتى، يوللانغان تالوننىڭ تۈرى، بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، بېجىرىش نەتىجىسى ۋە ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى بىر كۆرۈپلا بىلەلەيدۇ.

ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئوبلاستتا «تالون يوللاش، تالون قوبۇل قىلىش» مېخانىزمىنى يولغا قويغان 14 كوچا باشقارمىسى(بازار) بىرتۇتاش قېلىپلاشتۇرۇلغان تەرتىپ بويىچە، جەمئىي 486 تالون يوللاپ، تۈزەش قىيىن 396 مەسىلىنى ھەل قىلدى، سۈرۈك ئىچىدە 90نى بېجىردى، بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %81.48 بولدى، بىر تۈركۈم ئۆز ئالدىغا قالايمىقان ئۆي سېلىۋېلىش، يول ئىگىلەپ تىجارەت قىلىش، ئەسلىھەسى كونا بولۇش، مۇھىتى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇش قاتارلىق ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.

«ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارتىيە قۇرۇلۇشى سىستېمىسىدا تالون يوللاش، تالون قوبۇل قىلىش ئارقىلىق سانلىق مەلۇمات قاتارلىدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قولاي بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاممىغا ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ھەققىي ھېس قىلدۇردى» دېدى سانجى شەھەرلىك جيەنگو يولى كوچا باشقارمىسى ئۈنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى لى شياۋنەن.